شادلىق كىتابچىسى 1

كۇڭرۇڭنىڭ نەشپۈت بۆلۈشى

قىزىلسۇ قىرغىز نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

翻　　译：地里木拉提·力提甫
责任编辑：艾尼瓦·库迪力克
责任校对：古丽巴哈尔·托合塔木
书籍设计：党　红

拇指乐丛书①
孔融让梨（维吾尔文）

克孜勒苏柯尔克孜文出版社
新疆电子音像出版社　出版
乌鲁木齐市西虹西路 36 号　邮政编码：830000
（出版物研发营销中心　电话：0991-7910393）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
889 mm × 1194 mm　48 开　2 印张
2008 年 11 月第 1 版　2008 年 11 月第 1 次印刷

ISBN 978-7-5374-0678-9　总定价：8.80 元（全四册）

كۇڭرۇڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە يەتتە ئاكا-ئۇكا بار بولۇپ، ئۇ بولسا بالىلارنىڭ ئالتىنچىسى ئىكەن.

ئاكا-ئۇكىلار ئىنتايىن ئىجىل-ئىناق بولۇپ، دائىم بىللە ئوينايدىكەن.

ئۆگىنىش قىلغاندا، ئۆزئارا ئىلھام بېرىپ، ئۆز ئارا ياردەم قىلىشىدىكەن.

ئوقۇشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، ئاكا ـ ئۇكىلار دائىم بىللە ئەمگەك قىلىدىكەن.

كۆكرۆكلارنىڭ بېغىدا، بىر تۈپ بۆك-باراقسان ئۆسكەن نەشپۈت دەرىخى بار ئىكەن.

نەشپۈت پىشقاندا، ئاكا-ئۇكىلار خۇشال ھالدا نەشپۈت ئۈزگىلى مېڭىپتۇ.

كۇڭرۇڭ دەرەخ ئۈستىدە تۇرۇپ نەشپۈت ئۈزۈپ بېرىپتۇ، قالغانلار دەرەخ ئاستىدا ياردەملە-
شىپتۇ. كۆپچىلىك ئىنتايىن ئالدىراش، قىزغىن ئىشلەپتۇ.

ئاكا-ئۇكىلار توختىماي ئۈزۈپتۇ، سېۋەت تېزلا نەشپۈت بىلەن لىق تولۇپتۇ.

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار نەشپۈتنى ئۈستەلگە قويغاندا، يېگىسى كېلىپ شۆلگەيلىرى ئېقىپتۇ.

دادىسى: «سىلەر نەشپۈتنى بۆلۈشۈپ يەڭلار» دەپتۇ.

دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق خۇشال بوپتۇ، لېكىن ھېچكىم ئالدىراپ قول ئۇزاتماپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىگە قاراپ، ئۆزئارا يول قويۇشۇپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا، دادىسى كۇڭرۇڭنى كۆپچىلىككە نەشپۈتلەرنى بۆلۈپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ.

كۈڭرۈك كۆڭلىدە بىر پىلان ئويلاپتۇ.

كۇڭرۇڭ باشتا ئەڭ چوڭ بىر نەشپۈتنى تاللاپتۇ.

دادىسى كۇڭرۇڭنى ئەڭ چوڭ نەشپۈتنى ئۆزىگە ئېلىپ قالىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

كۆڭرۆڭ: «چوڭ نەشپۈتنى ئۇكامغا بېرەي» دەپتۇ.

كۇڭرۇڭ يەنە ئەڭ كىچىك بىر نەشپۈتنى تاللاپتۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى سەل غەلىتى-
لىك ھېس قىپتۇ.

كۇڭرۇڭ: «بۇ ئەڭ كىچىك نەشپۇت ئۆزۈمگە قالسۇن» دەپتۇ.

ئارقىدىن، كۆڭرۆڭ قالغان نەشپۈتىلەرنى ئاكىلىرىغا بۆلۈپ بېرىپتۇ.

دادىسى كۆڭرۈڭنى «ئۆتۈنۈشنى بىلىدىغان ياخشى بالا» دەپ ماختاپتۇ.

ئاكا- ئۇكىلىرىمۇ باش بارماقلىرىنى چىقىرىپ، كۆڭرۈكگغا قايىل بولۇپ، ئۇنى ماختاپتۇ.

«كۇڭرۇڭنىڭ نەشپۈت بۆلۈشى» دېگەن بۇ ھېكايە، خەن سۇلالىسىدىن ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ قالغانىكەن.